# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ ۋە بىرلىك سەپ خىزمىتىگە ئەزەلدىن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى نىزام بويىچە ئىدارە قىلىشنى كۆزدە تۇتقان بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە، بىرلىك سەپ ساھەسىدە پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى روھىنى مۇستەھكەملەش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا يېڭى دەۋردە بىرلىك سەپنىڭ ئەڭگۈشتەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇقەررەر تەلەپ.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن پارتىيە بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىشىش، قېلىپلىشىش، تۈزۈملىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرلىك سەپ نەزەرىيەسى، فاڭجېنى، سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك دەل جايىدا ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىنى پىلانلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە بىرلىك سەپنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، قوزغىتىشقا بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپ ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى، راۋاجلىنىشىغا تۆھپە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىشلارغا قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى قوزغاشنى تەكىتلىدى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە تۈزۈمى سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە تۆھپە بولۇشتا مۇھىم نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پارتىيەمىزنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشتا پايدىلىق.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كەڭ پارتىيە ئەزالىرى مەجبۇرىيەت بىلەن ھوقۇق ـ مەنپەئەت، مەسئۇلىيەت بىلەن مەسئۇلىيەتچانلىق، ھوقۇق ـ مەنپەئىتنى يۈرگۈزۈش بىلەن ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنىڭ دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى يۈرگۈزۈشتە جەزمەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئىتى توغرىسىدىكى دائىملىق تەربىيەنى قانات يايدۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجرا قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى يېڭى مۇساپىدە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ناتوغرا ئىستىل ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارشى بايرىقى روشەن ھالدا كۈرەش قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىش، پارتىيەنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلىش كېرەك. «ئۈچنى پەرقلەندۈرۈش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرىنى دادىل ئىزدىنىش، تىرىشىپ كەسپىنى قەدىرلەش، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، پۇختا ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، قارا چاپلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى ۋاقتىدا ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار نىزامدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، ھەم يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچى بولۇپ، مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش، ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى يۈرگۈزۈش جەھەتتە ئۈلگە تىكلىشى، ئۈلگە كۆرسىتىشى، ھەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىشلىرىغا ئاتلىنىش ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە مائارىپ كىتابلىرىنى تۈزۈش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىشتا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشتى، مەن سىلەرگە ۋە پۈتۈن نەشرىياتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە سەممىي سالام يوللايمەن!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 100 يىللىق ئۇلۇغۋار پىلاندا مائارىپ ئاساس. خەلق مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش توپ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلايدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغۇتىدىغان نادىر دەرسلىكلەرنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مائارىپ كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەلق مائارىپ نەشرىياتى 1950 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكلىرى ۋە مائارىپ كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىش، تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشقا كۈچ چىقارغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇنچىللىق (ئىدىيەۋى ـ سىياسىي)، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە تارىختىن ئىبارەت ئۈچ پەننىڭ بىرتۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىكلىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 70 يىلدىن بۇيان، خەلق مائارىپ نەشرىياتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىن 11 يۈرۈشىنى تۈزدى، تەتقىق قىلدى، نەشر قىلدى، تۈرلۈك نەشر بۇيۇمىدىن جەمئىي 70 مىڭ خىلدىن ئارتۇقنى نەشر قىلدى، تىراژى 75 مىلياردتىن ئاشتى. يېقىندا، بۇ نەشرىياتتىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، پۈتۈن نەشرىياتتىكى يولداشلارغا ۋاكالىتەن خەلق مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان كىتاب تۈزۈپ ئادەم تەربىيەلەش بۇرچىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ نەشرىيات ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلىرى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي تومۇرىنى نامايان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىليون يىللىق ئىنسانىيەت تارىخى، 10 مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى، 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تارىخىنى دەلىللىدى؛ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلدى، ئۇ مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشنىڭ مۇھىم مەنبەسى؛ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ دۇنيا مەدەنىيلىكىگە قوشقان مۇھىم، زور تۆھپىسىنى نامايان قىلدى.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ۋە تارىخ تەتقىقاتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرىنچى، داۋاملىق تۈردە نامەلۇم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، مەنبەسىنى ئېنىقلاپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىنى قېزىش، رەتلەش، شەرھلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۈچىنچى، تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۆتىنچى، ئارخېئولوگىيە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشى ۋە پەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: تارىخنىڭ ئۇزاق ئېقىنىدا، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ مىللەت روھى ۋە مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشى، ئۇزاققىچە گۈللىنىپ خارابلاشماسلىقىدىكى مەدەنىيەت گېنى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مەنىۋى كۈچ، ئۇنى يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك.

---

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# كۈرەش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش ئەمەلىي ئىشلەش كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش

—— ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر شۆبە ئۆمىكى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر شۆبە ئۆمىكى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى، شىنجاڭ تېبابەت داشۆسى، ئىلى سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ تۆمۈر يول كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىدە، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ داشۆ پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى پەرىدە تۇرسۇن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەردىن تارتىپ 2035 ـ يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش كەلگۈسى نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، ئاساسىي نىشانى قاتارلىق جەھەتلەردىن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ بايان قىلدى ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈردى.

«لېكسىيە دوكلاتى يىغىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق بولدى، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلدى، لېكسىيە ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، قاراتمىلىققا ۋە يېتەكچىلىككە ئىگە.» شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خې پىڭ مۇنداق دېدى: مەكتەپ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى پىلانلاشتا ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى تۇتىدۇ؛ پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىدۇ.

شىنجاڭ تېبابەت داشۆسى لېكسىيە دوكلاتى يىغىنى نەق مەيدانىدا، لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى گاۋ جىڭگاڭنىڭ نەزەرىيەسى پۇختا، مەزمۇنى مول بولغان لېكسىيە دوكلاتى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مول ھاسىلاتقا ئېرىشتۈردى، روھلاندۇردى. «لېكسىيەنى ئاڭلاپ، قەلبىم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى.» شىنجاڭ تېبابەت داشۆسى 1 ـ كلىنىكىلىق تېبابەت شۆيۈەنىنىڭ كلىنىكىلىق مېدىتسىنا كەسپى 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى نادىرە نۇرمەمەت مۇنداق دېدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە 2035 ـ يىلغا بارغاندا دۆلىتىمىزنىڭ ساغلام جۇڭگو قۇرۇپ چىقىشى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مېدىتسىنا كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كەسپىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆز ماھارىتىمنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، ئاساسىي قاتلام سەھىيە داۋالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ياشلىق كۈچۈمنى تەقدىم قىلىمەن.

شىنجاڭ تۆمۈريول كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لۇڭ يېجياڭ لېكسىيە دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: مەن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىكى ئوقۇتۇشىغا ۋاقتىدا سىڭدۈرۈپ، «تولۇق خادىملىق ئادەم تەربىيەلەش، پۈتۈن مۇساپىلىك ئادەم تەربىيەلەش، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەش» خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىلتىز تارتىپ روھىنى تاۋلىشىغا ياردەم بېرىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

لېكسىيە ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ جانلىق، ئەمەلىي لېكسىيەسى كەڭ مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق ئىشلەش غەيرىتىنى ئاشۇردى، كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتىن ئىبارەت توپ ۋەزىپىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى بەرپا قىلىمىز.

# ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئاساسىي قانۇن تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جېڭ جو** خەۋەر قىلىدۇ: مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى، مەملىكەتلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە پۈتۈن شىنجاڭدا مۇددىتى بىر ھەپتە بولغان «ئاساسىي قانۇن تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 7 ـ قېتىملىق دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى. 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش تېما تەشۋىقات پائالىيىتىنى ماس قەدەمدە قانات يايدۇردى، بۇ، 2020 ـ يىللىق ئاساسىي قانۇن تەشۋىقات ھەپتىلىكى يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇ كۈنى، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى نەق مەيدانىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر ئەنۋەر سېيىت ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ قانۇنىي ئورنى، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بويىچە چوڭقۇر ۋە چۈشىنىشلىك لېكسىيە سۆزلىدى ھەم شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەمۇرىي ئورگانلىرىغا كونكرېت تەلەپلەرنى قويدى.

ئىگىلىنىشچە، پائالىيەت ھەپتىلىكى مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار «شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئاساسىي قانۇن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى» دېگەن بۇ باش تېمىنى زىچ چۆرىدەپ، توردا ۋە تور سىرتى شەكلىدە يەتتە مەيدان ئاساسىي قانۇننى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش باش تېما پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىكەن، يەنى ئاساسىي قانۇننى ئورگانلارغا كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننى مەكتەپلەرگە كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننى يېزا، مەھەللىلەرگە كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننى كارخانىلارغا كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننى تاراتقۇلارغا، تورغا كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننى ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرگۈزۈش پائالىيىتى قاتارلىقلار. يۈرۈشلۈك ئالاھىدە پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئاساسىي قانۇن تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى، ئاساسىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ھەممە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملار نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىنىدىكەن.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنىدە، شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «ئاساسىي قانۇننى ئەتىگەنلىك ئوقۇش» باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باش تېمىلىق سىنىپ يىغىنى ئېچىش، ساۋاتلاردىن لېكسىيە سۆزلەش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ياكى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي قانۇن ئېڭى، دۆلەت ئېڭى، قائىدە ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، يېزا، مەھەللىلەردىكى ئاممىنىڭ قانۇنچىللىق ئېھتىياجى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا، مەھەللە «چوڭ كاناي»ى، «كوچىمە رادىيو»سى، «كوچىمە تەشۋىقات ئاپتوموبىلى»، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئەترەت ئەزالىرى ئائىلىلەرگە كىرىپ لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، شەھەر ئاھالىلىرى دەرسخانىسى، ئەخلاق دەرسخانىسى قاتارلىق بازىلاردىن پايدىلىنىپ، «يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كارخانىلارنىڭ قانۇنچىل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە يۈزلىنىپ، «قانۇنچىللىق ئەڭ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى»نى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىگىلىك، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىككە بولغان كاپالىتى ۋە قېلىپلاشتۇرۇشىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ھەممە تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى، قانۇنچىل كارخانا قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. بىر قاتار لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ «قانۇنچىللىق جەھەتتىن سالامەتلىك تەكشۈرۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» قانۇن مۇلازىمىتى خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەيدۇ.